# قەھرىمانلار تۇشمۇتۇشتىن قايتتى كەچ ھەيۋەت بىلەن

## ـــ «بۈگۈنكى جۇڭگو» توغرىسىدا چاتما مۇلاھىزە (6)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى **تۇ خۇڭچاك، ۋۇ جىك، شى يۈسېن، لى دەيشياك**

«ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز، ئۇرۇش قىلىشتىن قورقمايمىز، زۆرۈر بولغاندا ئۇرۇش قىلىشتىن يانمايمىز.» بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكا تەرەپ مۇشتۇمزورلۇقنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئالدىدا، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭىلمەس قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

خەلق ھەقىقىي قەھرىمان. بۈگۈنكى جۇڭگودا، مىليونلىغان خەلق ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتۇپ، كۈرەش كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلدى. جۇڭگو زېمىنىغا نەزەر سالساق، «قەھرىمانلار تۇشمۇتۇشتىن قايتتى كەچ ھەيۋەت بىلەن» دېگەندەك ھەيۋەتلىك مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

### ■ جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى بىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەردىن ھالقىشىمىزدىكى كۈچ مەنبەيىمىز

نەچچە كۈن بۇرۇن، پېشقەدەم قەھرىمان جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى كەڭ تارقالدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردا، گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن زەربىدار ئەترەت ئەزاسىدىن چېگرا رايونغا جايلاشقان تاغلىق شەھەردىكى ئادەتتىكى كادىرغىچە، جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىش ئورنى، سالاھىيىتى قايتا ـ قايتا ئۆزگەردى، ئەمما ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان ساپ قەلبى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىدى.

ئەڭ ئالىي يۈكسەكلىكنى قەلبىگە پۈكۈپ، سەممىيلىك بىلەن ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو زېمىنىدا قەھرىمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

خۇاڭ دانيەن چەت ئەلدىكى ئەۋزەل تەمىناتتىن ۋاز كېچىپ، قەتئىيلىك بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، دۆلەت ئېھتىياجىدىكى ئۆتكۈر تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە تۆھپە قوشتى.

جۇڭ ياڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 16 يىلىدا ئېگىزلىكنى كېزىپ، 40 مىليون تال ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى يىغدى، بۇ «ئۇرۇق خەزىنە»سى جۇڭگونى تەدرىجىي تەرەققىيات بىيولوگىيەسى ساھەسىدە ياپونىيە، ياۋروپا ـ ئامېرىكا بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

ۋاڭ جىسەي سۇ يوق، توك يوق، ئۆسۈملۈكلەرمۇ تەستە ئەي بولىدىغان يېگانە ئارالنى 32 يىل قەتئىي ساقلاپ، ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى ۋەتىنىنىڭ دېڭىز مۇداپىئە ئىشلىرىغا بېغىشلىدى...

ھەر قېتىم دۆلەت چاقىرىق قىلغاندا، ئىسسىق قانلار مەۋج ئۇرىدۇ.

38 يىل بۇرۇن، جۇڭگو ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسى تۇنجى قېتىم ئاسىيادىن بۆسۈپ چىقتى، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى تۇنجى قېتىم دۇنيا چېمپىيونى مۇكاپات سەھنىسىگە چىقتى، «ئىتتىپاقلىشايلى، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن شوئار ھاياتىي كۈچكە تولغان مەكتەپ قورۇلىرىدىن پۈتكۈل جۇڭگو زېمىنىغا تارالدى.

ۋەتەننى سۆيۈش خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلدەك، بىزنى ۋەتەن زېمىنى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا قوزغىلىپ چەتئەلنىڭ ھاقارىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا، ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئىچىدە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش خۇددى باشتىن ـ ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بايراققا ئوخشاش، بىزنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر نەچچە يۈز يىلدا بېسىپ ئۆتكەن زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى نەچچە ئون يىلدا تاماملاپ، ئالەمشۇمۇل دۇنياۋى مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان كۈرەش داستانىنى يېزىپ چىقىشقا يېتەكلىدى.

دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ئارزۇ بولۇپ، بىزنى پرىنسىپ ۋە تۆۋەن چەك ئالدىدا سالاھىيىتىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىققا، بېسىم ۋە قارشىلىق كۈچى ئالدىدا ھەرگىز چېكىنمەسلىككە چاقىردى.

ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەك ئۈچۈن قىلغاچقا مەردلەر جان پىدا، يېڭى بىر دۇنيا ياراتتى مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن.

ئورنىدىن دەس تۇرۇشتىن بېيىشقىچە، ئاندىن قۇدرەت تېپىشقىچە خەلق مۆجىزە ياراتقۇچى، تارىخنى پۈتكۈچى بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنى قەد كۆتۈرگۈزگۈچى ھەقىقىي قەھرىمان!

دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش سەپىرىگە ئاتلانغان ھەربىر كىشى ۋەتەنگە يۈز كېلەلەيدىغان «سەممىي قەھرىمان»، يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشىدىغان باش قەھرىمان.

### ■ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەممە بىر مەقسەتتە بولۇشتەك ئىتتىپاقلىق كۈچى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشىمىزدىكى پولات ئىستىھكام

باش ياز پەسلىدە، ۋېنچۈەن ناھىيەسى مېيەنسى بازىرىدىكى شىنرۇي چوڭ گىلاس تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئۆلچەملەشكەن مېۋىلىك بېغىدا، ئالدىراش مېۋە ئۈزۈلۈۋاتاتتى. ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى ۋە زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 27 مىڭ مو يەردىكى تاتلىق گىلاسنى 24 سائەت ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىرىنچى قاتاردىكى شەھەرلەرگە ساتقىلى بولىدۇ.

ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرساق، 2008 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ يەردە پەيدىنپەي ئېغىر يەر تەۋرەپ، ھەممە يەر خارابىلىككە ئايلانغانىدى.

قىسمىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر كېچىلەپ تېز يارىدەمگە كەلدى، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئالدىدا ماڭدى، مەبلەغ تۈرى سىياسىتى ئالاھىدە قوللىدى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مېھىر ـ شەپقەت ياردىمى ئۈزۈلۈپ قالمىدى... بۇ جاي بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىدىغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە گۇۋاھ بولدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان ئىتتىپاقلىق كۈچىنى ئەستە چىڭ ساقلىۋالدى.

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى جۇڭگو خەلقىدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدىغان ھېچكىم بولمىسا كېرەك.

كۈچلۈك دۆلەتلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ھەممە يەرنى ئاھۇزار قاپلىغاندا... بىز قەتئىي تىز پۈكمەستىن «قوزغال! قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار! گۆش ھەم قېنىمىز بىلەن مەھكەم ئىستىھكام قۇرايلى» دېگەن ناخشىنى ياڭراتقاندۇق.

كەلكۈن بېسىپ كەلگەندە، سارسنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا... كۆزلىرىمىز ياشقا تولسىمۇ، چىرايىمىزدىكى كۈلكىنى يوقاتمىغان، يول بويى بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، مۈشكۈللەردىن ھالقىپ ئۆتكەنىدۇق.

بۈگۈنكى جۇڭگو ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مۆجىزىلەرنى ياراتتى، بۇ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىللە ئويلاپ، بىللە ئىشلىشىگە تايانغانلىقتىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېرىنداشلاردەك ئۆتۈپ ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشىغا تايانغانلىقتىن بولدى.

ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ. جۇڭگو ئارزۇسى زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ سېخلىرىغا، پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ تەجرىبىخانىلىرىغا، «چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرى» ئاققۇزغان ئىسسىق تەرلەرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش سادالىرىغا مۇجەسسەملەنگەن...

بۈگۈنكى جۇڭگودا 900 مىليونغا يېقىن ئەمگەكچى، ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ياكى كەسپىي ماھارەتنى قوبۇل قىلغان 170 مىليون ئىختىساسلىق، 100 مىليوندىن كۆپرەك بازار سۇبيېكتى، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ كۆلەمدىكى ئوتتۇرا كىرىملىكلەر توپى بار، بۇ، ھەم ئاساسى پۇختا «دۇنيا زاۋۇتى»، ھەم سودا پۇرسىتى چەكسىز «دۇنيا بازىرى».

ئامېرىكا ـ جۇڭگو سودا كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 90%ى جۇڭگونى ئەڭ مۇھىم بازار دەپ قارىغان، ئامېرىكا مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 95%ى جۇڭگودىكى سېلىنمىسىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى ياكى كۆپەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ ياپونىيە سودىنى گۈللەندۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ياپونىيە كارخانىلىرىنىڭ تاشقى ئېكسپورت، مەبلەغ سېلىش، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھەممىسىدە جۇڭگو بازىرى 1 ـ ئورۇندا تۇرغان...

### ■ جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان كۈرەش قىلىش قابىلىيىتى بىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىزدىكى ئىشەنچ كاپالىتىمىز

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى نامرات ناھىيە يەنچۈەن، يىچۈەننىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ئەگىشىپ، يەنئەن مۇتلەق نامراتلىق بىلەن خوشلاشتى.

ئامېرىكىلىق مۇخبىر ئېدگارد سىنو «غەربكە سەپەر خاتىرىسى»دە ئىلگىرى بۇ يەرنى «مەن جۇڭگودا كۆرگەن ئەڭ نامرات رايونلارنىڭ بىرى» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى.

«ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى تەل قىلىش» ـــ يەنئەندىكى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى خاتىرە مۇنارىغا يېزىلغان بۇ سەككىز چوڭ خەت توختىماي ئالغا باسىدىغان جۇڭخۇا مىللىتى روھىنى شەرھلىدى.

جياڭشى گەنجوۋدىكى يۈدۇ دەرياسى بويى. 85 يىل ئىلگىرى، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە بۇ يەردە ئون مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان؛ بۈگۈنكى كۈندە، مول سىرەك توپا بايلىقى مۇجەسسەملەنگەن بۇ قىزىل زېمىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«ئون نەچچە يىلدىن ئارتۇق ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق بىز يېڭى بىر ئەۋلاد ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش تېپىدىكى تېخنىكىنى قوللاندۇق، سىرەك توپا مەگنىتلىق ماگنىت ماتېرىيالىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 7000 توننىدىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بىز يېڭى ئېنېرگىيە ۋە ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت قوغداش ساھەسىدىكى يادرولۇق ئەمەلىي قوللىنىشچان ماتېرىيالنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تەمىنات سودىگىرىگە ئايلاندۇق» دېدى جياڭشى جىنلى مەگنىتلىق ماگنىت پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى.

«جۇڭگونىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى بىرىنچىدىن، ئوغرىلاپ كېلىنمىگەن، ئىككىنچىدىن، بۇلاپ كېلىنمىگەن، ئۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى» دېدى دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قوغداش ـ ماسلاشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى جاڭ جىچېڭ.

«شەرق قىزاردى»نىڭ دۇنيادا جانلىنىشىدىن تارتىپ «موزى» ناملىق كۋانت ئىلمى تەجرىبە سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇرۇلۇشىغىچە، «گۈللىنىش» ناملىق ئوق پويىزىنىڭ ئۇچقاندەك يۈرۈشىدىن C919 تىپلىق چوڭ ئايروپىلاننىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشىغىچە، بېيدوۋ سىستېمىسىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا مۇلازىمەت قىلىشى، «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ»نىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن «چاڭئې 4 ـ نومۇر»لۇق ئاينى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ دۇنياغا ئاي شارى ئارقا يۈزىنىڭ تەسۋىر سۈرىتىنى تۇنجى قېتىم ئەۋەتىشىگىچە... جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات تارىخى دەل تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ توختىماي ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت كۈرەش قىلىش تارىخىدۇر.

تاغقا يولۇققاندا يول ئېچىش، سۇغا يولۇققاندا كۆۋرۈك سېلىش. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 يىلدا تاۋلىنىپ تۈپتىن ئۆزگەرگەن جۇڭگودا قىيىنچىلىقنى يېڭىپ يۇقىرى ئۆرلىگەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئۈزۈلمەي بارلىققا كەلدى.

چوڭ تىپتىكى پولات ـ تۆمۈر كارخانىسى جىڭيې گۇرۇھىنىڭ قارىمىقىدىكى زېڭسەي ياسىمچىلىق پەن ـ تېخنىكا شىركىتىگە كىرگەندە ئەنئەنىۋى پولات زاۋۇتىدا دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، شۇنچە چوڭ سېختا پەقەت بىر نەچچىلا خىزمەتچى خادىم ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىلەر بىلەن مەشغۇلات قىلىپ، مىكرو مېتال ئۇۋۇقى ئىشلەپچىقىرىۋاتاتتى.

«ئىككى كىلوگرام ئۇۋاقنىڭ قىممىتى بىر توننا پولاتقا تەڭ كېلىدۇ.» جىڭيې گۇرۇھىنىڭ مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىركەت خەلقئارادىكى ئىلغار مىكرو مېتال ئۇۋۇقى يۈرۈشلۈك جابدۇق ياسىمچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، لازېر نۇرى ئارقىلىق قايتا ياساش، 3D لىق بېسىپ چىقىرىش مەھسۇلاتى قاتارلىق كۆپ لىنىيەلىك ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى قۇردى.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىدە شەكىللەنگەن «مەجبۇرلاش» بېسىمى ئاستىدا، جۇڭگو كارخانىلىرى خىرىسقا بىۋاستە يۈزلىنىپ، ئىچكى ماھارەتنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، يادرولۇق تېخنىكا ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى مەزگىلىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار 64 مىليارد دوللارلىقتىن ئارتۇق تۈر ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. «دۇنيا زاۋۇتى» پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى، «جۇڭگو ئەقلىي ياسىمچىلىقى» دۇنياغا يۈزلەندى.

رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يىراق شەرق تەتقىقات ئورنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئاناستاسىيا مۇنداق دەپ قارىدى: جۇڭگونىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، جۇڭگو مەھسۇلاتلىرى تەدرىجىي شۇ جايلاردا بازار تاپتى.

ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداش ئىشەنچى يۈكسەك بىردەك، ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، خەلققە زىچ تايانساقلا، ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭەلەيمىز، ھەرقانداق ئۇلۇغۋار ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئابلىكىم ئېلېكترونلۇق سودا ئارزۇسىغا بارغانسېرى يېقىنلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىلگىرى مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغانىدىم، ئۇلار نېمە دېسە مەن شۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، ئۇنىڭغا چوڭقۇر پېتىپ قېلىپ قۇتۇلالماي قالغانىدىم.» ئابلىكىم مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا بىلىم ۋە ماھارەت ئۆگەتكەنلىكىگە، ماڭا ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىشنى ئۆگەتكەنلىكىگە، يەنە ماڭا داۋاملىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت».

ئوقۇش تاماملاشتىن ئىلگىرىكى ئاشۇ كۈن ئابلىكىمنىڭ چوڭقۇر ئېسىدە قالغانىدى. «ئوقۇش تاماملاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، مەن قانداق قىلسام داۋاملىق ئوقۇيالايمەن دېگەننى ئويلىدىم، شۇ كۈنى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى مۇئەللىم مەندىن ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇغۇم بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى، شۇنداقلا پەرۋىش قىلىش، بوغالتىرلىق، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق كەسپلەردىن بىرىنى تاللىسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشاي دەپ قالغان، ئابلىكىم ئۆزىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سېزەتتى، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇئەللىمگە: «مەن ئېلېكترونلۇق سودىنى ئۆگىنىمەن!» دېدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئابلىكىم تىزىملىتىشتىن ئۆتتى، «بىر كېچە ئۇخلىيالمىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۆرۈلسەممۇ كۈلۈپ ئۆرۈلەتتىم.» شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە، مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسى ئابلىكىم ئەڭ ياقتۇرۇپ بارىدىغان جاي بولۇپ قالدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، ئۇ كىتاب ئوقۇشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، يېڭى مەكتەپكە بارغاندا، ئۇ يەنىلا كۇتۇپخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولدى، ئۇ كىتاب كۆرگەچ خاتىرە قالدۇراتتى. ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىنىڭ 1 ـ بېتىگە رەتلىك قىلىپ مۇنداق يېزىلغانىدى: بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۆگىنىش كەلگۈسىنى يارىتىدۇ.

بۇ يەردە، ئابلىكىم ئېلېكترونلۇق سودا بىلىمىنى تىرىشىپ ئۆگەندى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومىنى ئالالايدۇ. بۇلاردىن سىرت، ئابلىكىم ھەر ھەپتىدە يەنە تۆت سائەت رادىيو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ دەرسىگە قاتنىشىدۇ، ئەگەر ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىيالىسا، ئۇ يەنە ئالىي تېخنىكوم دىپلومىغا ئېرىشەلەيدۇ.

### ■ ئىللىقلىق ئىزچىل داۋاملاشتى

مەكتەپكە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئابلىكىم كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە، مۇئەللىم ئۇنىڭغا تۇغۇلغان كۈن تورتى ئېلىپ بەرگەن، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش ناخشىسى ئېيتقانىدى. «تەربىيەلەش مەركىزىدىكى مۇئەللىملىرىمنى سېغىندىم، ئۇلار ئائىلەمدىكى كىشىلەردەكلا ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى.» ئابلىكىم مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە، خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى مېنىڭ يەنە بىر ئائىلەمگە ئايلاندى، مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىق بۇ يەردە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

ئابلىكىم مەكتەپكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قىزىپ قالدى، «مۇئەللىملىرىم مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئوكۇل سالدۇردى، نۆۋەت بىلەن ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، ساۋاقداشلىرىممۇ مېنى يوقلاپ كەلدى.» قەلبى ئىللىقلىققا چۆمگەن ئابلىكىم ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلدى.

چۈشتە، ئابلىكىم مۇخبىرنى باشلاپ مەكتەپ ھويلىسىدا ئايلاندى، ئۇ نەچچە قەدەم مېڭىپلا سەكرەپ قوياتتى، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى.

ئابلىكىم مۇخبىرنى ئۆزىنىڭ ياتىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى، يوتقان ـ كۆرپە كىرلىكى پاك پاكىز ئىدى، كىيىم ئاسقۇچقا لىققىدە ئېسىلغان، ئاستىغا سايما كەش، داس قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ ئاستى ساندۇقلۇق ئىدى.

«شەخسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك، ئاياغلارنىڭ ھەممىسىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن، قاراڭ، بۇ ئاياغنىڭ سۈپىتى نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە.» ئابلىكىم شۇنداق دېگەچ پۇتىنى كۆتۈرۈپ يېڭى ئايىغىنى كۆرسىتىپ قويدى.

مۇخبىر خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ پارتكوم شۇجىسى خې شيۇيۈننى زىيارەت قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ «ئۈچ كەچۈرۈم، بىر ياردەم» سىياسىتى بويىچە ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئوقۇش ماتېرىياللىرى پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، ياتاق پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. «بىلىم بەرگەندىن باشقا، مەكتەپ يەنە تۇرمۇشتا ئۇلارغا ھەرتەرەپتىن غەمخورلۇق قىلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ھېسسىيات جەھەتتە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە غەمخورلۇق قىلىدۇ، بۇ ياشلارنىڭ ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، كىشىلىك ھاياتىدىكى كۈرەش نىشانىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ» دېدى خې شيۇيۈن.

مۇخبىر ئابلىكىمنىڭ ياتىقىدا تامغا چاپلانغان شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كىچىك كارتىنى كۆردى، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىدى: مېنىڭ ئارزۇيۇم ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ئارقىلىق يۇرتۇمنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش...

### ■ ئارزۇنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش جەريانىدا، ئابلىكىم ۋە ساۋاقداشلىرى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقى ئوتتۇرا تېخنىكومدىكى مۇئەللىملەرنى ئىنتايىن خۇش قىلدى. دىلنۇر ئەبەيدۇللا ئابلىكىمدىن نېمە ئۈچۈن ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنى تاللىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەندى: ھازىر تور دەۋرى، مەن ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق كەنتتىكى چىلان، ياڭاق ۋە ئانار قاتارلىق خاس مەھسۇلاتلارنى سېتىپ چىقىرىشنى ئويلاشتىم.

مەكتەپتە ئابلىكىم تىرىشىپ ئۆگەندى، ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيىگە قايتقاندا، ئۇ سومكىسىنى قويۇپ بىرىنچى بولۇپ بارىدىغان جاي كەنتتىكى ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى ئىدى. كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەچكە ئۇ يەنە مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلىغا: «تاۋارلارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى مۇھىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئوراپ قاچىلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ تەكلىپ بەردى.

ھەپتە ئاخىرىدا، مۇخبىر ئابلىكىم بىلەن بىللە قاراقاش ناھىيەسى ئاقساراي يېزىسىنىڭ باش قۇمباغ كەنتىگە باردى. ئابلىكىم يەنىلا ئاۋۋال كەنتتىكى ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىغا باردى، ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن زاكازنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ئېيتتى، ئابلىكىم ئىنتايىن خۇشال بولدى.

باش قۇمباغ كەنتى 2000 مو يەرگە ياڭاق كۆچىتى تىككەن بولۇپ، يىللىق ھوسۇلى 300 توننىدىن ئاشىدۇ، ياخشى باھادا سېتىپ چىقىرىش ھەربىر دېھقاننىڭ ئارزۇسى. «ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەن تور دۇكىنى ئېچىپ، كەنتتىكىلەرنىڭ ياڭاق، چىلان ۋە ئانار قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىپ چىقىرىشىغا ياردەم بېرىمەن.» ئابلىكىمنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى.

باش قۇمباغ كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى نۇرمەمەت ھەسەنجان ئابلىكىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ مۇنداق دېدى: «كەنتتە ئېلېكترونلۇق سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئەڭ كەمچىل بولغىنى كەسپىي ئىختىساسلىقلار، ئۇنىڭ ئۆگىنىپ قايتىپ كېلىپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى بېيىشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇ نۇقتا توغرىسىدا، ئابلىكىم پىلان تۈزۈشنى باشلىدى، ئۇ يەنە ئازراق ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى توپلاپ، ھەر ھەپتىدە قايتىپ كەلگەندە كەنتتىكىلەرگە ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر تەرەپتىن، ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئويلاشتى.